يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

يەكەن ناھىيەسى قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

# بىر چوڭ پارنىك بىر ئىشلەپچىقىرىش سېخى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
خەن چېنيەن

«تېز تېتىپ بېقىڭ، تاۋۇز بەك تاتلىق ئىكەن».

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى تۇتاش كەتكەن ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى بازىسىدا، ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان ئىناق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاقچىقىز دالەك بىر چۈشتىن بۇرۇن ئالدىراش ئىشلىدى، ئۈزگەن تاۋۇزلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. دەم ئالغاندا، ئۇ تەرىنى سۈرتكەچ، مۇخبىر بىلەن پاراڭلاشتى. يېقىنلا يەردە تاۋۇز قاچىلانغان بىر ئاپتوموبىل قەشقەر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

ئاقچىقىز، تاۋۇزنىڭ تاتلىقلىقىغا قارىغاندا، قەلبىم تېخىمۇ لەززەتكە چۆمدى، دېدى. قوشراپ يېزىسىنىڭ تۆلگەن كەنتىدىن ئىناق كەنتىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئائىلىدىكى بەش جانغا ئون مو تېرىلغۇ يەر، بىر ئەگمە پارنىك تەقسىم قىلىندى. يەكەن ناھىيەسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، ئۇ ئەگمە پارنىكنى تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئوبوروت قىلىپ بەردى. «بىز ئەگمە پارنىكنى ئوبوروت قىلدۇق، ئاندىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئىككى كىشىلىك كىرىمگە ئىگە بولدۇق» دېدى ئۇ.

ئىلگىرى نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولغان يەكەن ناھىيەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆكتات تېرىقچىلىقىنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېتەكچى كەسىپ قىلىپ، «بىر يېزىدا بىر كەسىپ بولۇش، بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات بولۇش» ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە باشلامچىلارنى يېتەكلەپ، بازا قۇرۇپ، ئاساسنى تۇتۇپ، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، سېتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، «سىرتقا چىقىپ ئۆگىنىش، تەكلىپ قىلىپ ئۆگىتىش» ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىنى ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى.

«بىزنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتاتلىرىمىز شاڭخەي، جېجياڭ، شىزاڭ ۋە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى.» يەكەن ناھىيەسى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزىدىكى ما ۋېنپىڭ مۇنداق دېدى: ھازىرغىچە، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتاتلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 20 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، بولتۇرقىدىن كۆپ بولدى، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ مو بېشىدىن ئالغان پايدىسى 1500 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

يەكەن ناھىيەسىنىڭ يېشىل كۆكتاتلىرى نېمە سەۋەبتىن بازار تاپتى؟ ما ۋېنپىڭنىڭ ئۆزىنىڭ «كۆكتات تېرىش دەستۇرى» بار، ئۇ بولسىمۇ بازارغا ئەگىشىپ مېڭىش.

يەكەن ناھىيەسى كۆكتاتنى كۆپەيتىش، مېۋە ـ چېۋىنى ئەلالاشتۇرۇش، خاسلىقنى گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات پىكرى يولىدا چىڭ تۇرۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات كەسپىنى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كەسىپ سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تەرەققىيات مۇلازىمەت مەركىزى، مايسا يېتىشتۈرۈش مۇلازىمەت مەركىزى، سېتىۋېلىش ـ سېتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، تېرىقچىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن پىششىقلاش ـ سېتىشقىچە بولغان پۈتۈن كەسىپ زەنجىرلىك مۇلازىمەتنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىگى قۇملۇق بوستانلىقى، خېيۇ يېزا ئىگىلىكى، خېڭشىڭ يېمەكلىكلىرى، يىڭمېير يېزا ئىگىلىكى، شىنجاڭ چېيۈ قاتارلىق كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈپ ۋە كىرگۈزۈپ، «كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + بازا + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەندىزىسىنى كېڭەيتىپ، زاكازلىق تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولۇپ، تېرىيالايدىغان، ساتالايدىغان بولۇش، كىرىمى كاپالەتكە ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارغا خاتىرجەم قىلىش كۆملچى يېگۈزدى.

يەكەن ناھىيەسى ئىشقۇل يېزىسىنىڭ قىشلاق كەنتىدە قاتار ـ قاتار كۆكتات پارنىكلىرى تولىمۇ كۆركەم بولۇپ، كەنت ئاھالىسى نۇرنىسا ئابلا پارنىكتا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. يەكەن خېيۇ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى شۇ جايدا ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى بازىسى قۇرغاندىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرى بەس ـ بەستە پارنىكلىرىنى شىركەتكە ئوبوروت قىلىپ بەردى، يېزىلاردىكى بىرمەھەل بىكار تۇرۇپ قالغان پارنىكلار بۈگۈنكى كۈندە يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى «گۆھەر ماكانى»غا ئايلاندى.

«ھازىر بۇ شىركەتتە ئىشلەپ، ھەر ئايدا ئاز دېگەندىمۇ 1800 يۈەن كىرىم قىلىمەن، پارنىكنى ئوبوروت قىلىش كىرىمىنى قوشقاندا، بىر يىللىق كىرىمىم 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ» دېدى نۇرنىسا.

قىشلاق كەنتىدە مۇخبىر چۆللۈككە سېلىنغان 100دىن ئارتۇق پارنىكتا بۆلجۈرگەن، تاۋۇز، چەيزە، شوخلا قاتارلىق مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنىڭ تېرىلغانلىقىنى كۆردى.

«پارنىكنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئۆزگەرمەيدۇ، باشقۇرۇش ھوقۇقى ئوبوروت قىلىنىپ، بىرتۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ، ھەربىر پارنىك بىر ئىشلەپچىقىرىش سېخىدۇر.» يەكەن خېيۇ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا تىيەن شىخچاۋ مۇنداق دېدى: «نامرات ئائىلىلەر پارنىكنى ئوبوروت قىلغاندىن كېيىن، يەنە كارخانىدا ئىشلىسە بولىدۇ».

يەكەن ناھىيەسى مەۋقەنى كۆكتاتچىلىق كەسپىگە قارىتىپ، «ئەتىيازدا بالدۇر تېرىش، يازدا قۇر بويىچە تېرىش، كۈزدە كېچىكتۈرۈپ تېرىش» بويىچە ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كونا نۇرى پارنىكىنى 8200گە، ئەگمە پارنىكنى 20 مىڭ 959غا يەتكۈزدى. ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدىلا 8000دىن ئارتۇق كىشى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى.

ئوچۇقچىلىقتىكى يەر، كونا نۇرى پارنىكى، ئەگمە پارنىك، ھويلا ـ ئارالاردا قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، بۇ يىل يەكەن ناھىيەسى قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمىنى 260 مىڭ موغا يەتكۈزۈپ، يىلىغا 400 مىڭ توننا تاۋار قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە كۆكتاتتىن قىلىنغان مو بېشى كىرىمنىڭ 3000 يۈەندىن كۆپ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ناھىيە بويىچە 93 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

# نامرات ئاممىنى ئىشكى ئالدىدىلا «ئالتۇن تاۋاق»قا ئىگە قىلايلى

تىيانشان مۇلاھىزىسى

□ شۇ چىڭگۇاڭ

«ئىلگىرى بالا كىچىك بولغاچقا سىرتقا چىقالمايتتىم، ھازىر ياخشى بولدى، كەنتتە ئىشچى بولدۇم، يەنە تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم.» خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسى غەجەك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇۋىئايشەم ئىمىن نۇرغۇن نامرات ئاممىنىڭ قەلبىدىكى بەخت تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخى، نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتى قاتارلىق «يېڭى شەيئى»لەر نۇرغۇن يېزا ـ كەنتكە كىرىپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشكى ئالدىدا «ئالتۇن تاۋاق»قا ئىگە بولۇشتەك ئاددىي ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

خوددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «يۇرتداشلار ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشسا، گەرچە كىرىمى شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىكىدەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ياتاق، تاماق، قاتناش قاتارلىق خىراجەتلەرنى تېجەپ قالالايدۇ. يەنە ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالايدۇ، بىر ئىشتىن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.» ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشسا، نامرات ئاما ئائىلىسى، ئېتىزى، زاۋۇتتا دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى، نەزەر دائىرىسى، تەپەككۇرى، مەدەنىيلىك ئېڭى قاتارلىقلارمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن، ئۇزاق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، نامرات ئاممىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ قوشۇشقا پايدىلىق، يېزا ئىستىلى مەدەنىيلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش كەسىپلەرنىڭ كۈچلۈك تىرەك بولۇشىغا موھتاج. كەسىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە بولىدۇ. نانچىلىق كەسپىنى بەرپا قىلىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىن، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە، ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش، ئاياغ تىكىش، باش كىيىم تىكىش قاتارلىق «كىچىك، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئەپچىل» كارخانىلارنى كىرگۈزۈشتىن، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، سۇنى قوغداش، يول ئاسراش قاتارلىق ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىشقىچە... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ ئىشكى ئالدىدا كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ماس قەدەملىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۈنۈمدىن باشقا، رەقەم يېڭى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشياسىغا ئايلانغان، يان تېلېفون يېڭى دېھقانچىلىق سايمىنىغا ئايلانغان، بىۋاستە كۆرسىتىش يېڭى دېھقانچىلىق ئىشىغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى نامرات ئاممىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پەن ـ تېخنىكا تۈسى قوشۇپلا قالماي، يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يېپيېڭى بوشلۇق ئاچتى. شارائىت يارىتىپ، مۇھىتنى ياخشىلاپ، بىرلا خىل كەسىپ تەرەققىيات يولىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنى تەڭ ئىلگىرى سۈرگەندىلا، «ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش»نى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ.

ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ھۆكۈمەتنىڭ سىجىل يېقىندىن ئەگىشىپ مېڭىشىغا موھتاج. ئاممىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان زاۋۇت، سېخلارغا قارىتا، قانداق قىلغاندا تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى، بازار ئېڭى، پايدا ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ زاۋۇتقا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئاممىغا قارىتا، قانداق قىلغاندا ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتكىلى، تەرەققىيات پۇرسىتى بەرگىلى، ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىغا تايىنىدىغان ئاممىغا قارىتا، قانداق قىلغاندا ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى، ئەشيا ئوبوروتى سۈرئىتىنى ئاشۇرغىلى، كەنتلەرگە كىرىش، ئائىلىلەرگە كىرىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ؛ يېزا ـ كەنت ساياھىتى ۋە پۇقراۋى قونالغۇ كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاممىغا قارىتا، قانداق قىلغاندا كەنت قىياپىتىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنى «ئۆيگە قايتقان»دەك گۈزەل تەسىراتقا ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ... ئاما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئاما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، مەسىلە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ياخشى ئىشقا سېلىپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سىياسەتتە ئېتىبار بېرىشنى تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلغاندىلا، «ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش»نى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تارىخ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

«بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ». كىچىكى بىر ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىن چوڭى بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغىچە، ھەممىسى ئەمەلىي ئىشلەش ۋە كۈرەش قىلىش ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان. نامرات ئاما «جاپاغا چىداپ ئىشلەشكە رازىكى، جاپالىق ئۆتۈشنى خالىماسلىق»تەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى تۇرغۇزغاندىلا، «ئالتۇن تاۋاق»نى مەھكەم تۇتۇپ تۇرالايدۇ، مۇقىم تۇتۇپ تۇرالايدۇ، «ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش» بەخت دەرۋازىسىنى ئاچالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەزىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولۇپ، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشانىنى ئورۇنداشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، بىڭتۇەننىڭ 1 ـ كەسىپ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 355 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.1 ئاشتى؛ 2 ـ كەسىپ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليارد 251 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.9 ئاشتى؛ 3 ـ كەسىپ قوشۇلما قىممىتى 46 مىليارد 295 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.4 ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى تېز ئېشىپ، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %30.4 ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 23.6 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم قايتا ئاشتى، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %6.1 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 8.1 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى؛ تاۋار ئىستېمال بازىرى تەدرىجىي جانلاندى، جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 29 مىليارد 382 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 12 پىرسەنت پوئېنت تارايدى؛ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا شەكىللەنگەن ئەمەلىي بۇيۇم مىقدارى تەخمىنەن 25 مىليارد 358 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن يىللىق پىلاننىڭ %42.3ى ئورۇندالدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، بۆلەكلەر بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلار مۇلازىمەت تورىنى بەرپا قىلدى.

ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرى كەڭ پىدائىيلارنى تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، مەسىلەن، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىدىغان ئىشلارنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر تۈپىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، ئايروپورت، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ۋوگزالى قاتارلىقلاردا تەرتىپنى قوغداش، سالاھىيەت ئۇچۇرىنى تىزىملاش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. «ئىللىقلىق ھەمراھ، مېھىر ـ مۇھەببەت توردا» يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە پىسخىكىلىق مەدەت بېرىش پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، 600 نەپەر كەسپىي مەسلىھەتچىنى تەشكىللەپ، پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش قىزىق لىنىيەسىدىن 12نى ئېچىپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلار، ئاغرىقلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئاممىنى ھەقسىز پۈتۈن كۈنلۈك پىسخىكىلىق مەدەت بېرىش تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھازىرغا قەدەر، پىدائىيلار قىزىق لىنىيەلىك تېلېفون ۋە ۋىيشىن مۇلازىمىتى ئارقىلىق 77 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق پىسخىكىلىق مەسلىھەت بەردى، تور ئاممىۋى مەنپەئەت دەرسخانىسى، پىسخىكىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سىنى، پىسخىكىلىق سوئال ـ جاۋاب قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەسلىھەت سورىغۇچىلارنى 10 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلىپى ۋە پىدائىيلار ئىش ئورنى ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرى تۈركۈمگە بۆلۈپ پىدائىيلارنى ماسكا، پەلەي، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى، بىر قېتىملىق مۇداپىئە كىيىمى، كۆز قوغداش ئەينىكى، ئاياغ قاپلىمىسى قاتارلىق مۇداپىئە بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سەپلەشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پىدائىيلارنىڭ ئۆز بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۇ تېخنىكىدا نۆۋەتتە تۆت خىل ئاچقۇچلۇق تېخنىكا سىستېمىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، تاشيول، ئايرودرۇم، شەھەر مەمۇرىيىتى، كان قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۇل ئەسلىھە توپا ـ ياغاچ قۇرۇلۇشىدا كەڭ قوللىنىشقا بولىدۇ.» بۇ تۈرنى ئاچقۇچلۇق تېخنىكا جەھەتتىن قوللىغۇچىلارنىڭ بىرى، شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھىنىڭ باش ئىنژېنېرى خۇاڭ يۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ تېخنىكا يېزا ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» قۇرۇلۇشى ھەم ئۇنى ئاسراشنى ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلەپ، شۇ جايدىكى يېزا ئاممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تولۇق تۈرتكە بولدى.

ئېركىنبېكنىڭ ھازىر يېشىل ئاپتوماتىك ئاربالاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسىدىن ئىككىسى بار ھەم شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن قوللىشى بىلەن، دېھقان ـ چارۋىچىلار قۇرۇلۇش ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇردى. قىشتا كالا ـ قوي بورداپدۇ، باشقا پەسىللەردە كوللېكتىپنى باشلاپ قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئالىدۇ، شەخسىي يىللىق كىرىمى ئەسلىدىكى 10 مىڭ يۈەنگە يەتمەسلىكتىن ھازىرقى 150 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، ئۆزى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ بىرلىكتە كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

«بىر يېشىل ئاپتوماتىك ئاربالاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى ئون ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بىر يېزا ياكى بىرنەچچە كەنتتە يېشىل ئاپتوماتىك ئاربالاشتۇرۇش ۋە بېتون قۇرۇلۇش ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرغىلى بولىدۇ. ‹پەن ـ تېخنىكا تۈرى + نامراتلارنى يۆلەش سېخى› ئەندىزىسى ئارقىلىق، نامرات رايونلاردىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.» خۇاڭ يۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ ئەندىزە قاراقاش، كېرىيەدىكى ئىككى كەنتتە نۇقتىدا سىناق قىلىندى، 300گە يېقىن ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۆلچەرلەندى. كۆلەم كېڭەيتىلگەندىن كېيىن 1000دىن ئارتۇق دېھقان ئىشلەمچىنىڭ كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

يېشىل ئاپتوماتىك ئاربالاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى ۋە ئالاقىدار تېخنىكا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مەخسۇس ھەرىكىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرنىڭ بىرى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ ھەرىكەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنى قاپلىدى، 25 تۈر يولغا قويۇلۇپ، جەمئىي 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسلىقى خاس تېرىقچىلىق، خاس باقمىچىلىق ۋە ياسىمىچىلىق قاتارلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. بۇ تۈر كەنتنى يولغا قويۇش سۈبيېكتى قىلىپ، يىل ئاخىرىدىكى پايدا تەقسىملەش ئەندىزىسى شەكلىدە يۈرۈشتۈرۈلىدۇ. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ مەخسۇس ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ، 10 مىڭ نامرات نوپۇس خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرىدۇ.